# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 6 ـ ئاي
23
سەيشەنبە
维吾尔文 6 月23日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25101 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسى مىچېل ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋوندېرلېيېن بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەچتە بېيجىڭدا سىن شەكلى ئارقىلىق ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسى مىچېل ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋوندېرلېيېن بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۆزئارا قوللىدى، ئۆزئارا ياردەم بەردى. جۇڭگو تەرەپ ياۋروپا تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، «كېيىنكى يۇقۇم دەۋرى»دە جۇڭگو ـ ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ مۇقىم، ساغلام بولۇپ، پىشىپ يېتىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ جۇڭگو ــ ئەرەب دۆلەتلىرى سىياسىي پارتىيەلىرى سۆزلىشىش يىغىنى ئالاھىدە يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو ــ ئەرەب دۆلەتلىرى سىياسىي پارتىيەلىرى سۆزلىشىش يىغىنى ئالاھىدە يىغىنى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سىن يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرى سىياسىي پارتىيەلىرى سۆزلىشىش يىغىنى ئالاھىدە يىغىنى ئېچىلغان پەيتتە، مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ۋاكالەتەن ھەم ئۆز نامىمدىن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يىغىنغا قاتناشقان ئەرەب دۆلەتلىرى سىياسىي پارتىيەلىرى رەھبەرلىرىگە سەمىمىي سالام يوللايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرى دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭخۇا مىللىتى، ئەرەب مىللەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مىللەت قەدىمىي يىپەك يولىدا كىرىپ ـ چىقىپ دوستانە ئۆتۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش جەريانىدا قول تۇتۇشۇپ ھەمراھ بولۇپ، دۆلەتنى باي ـ قۇدرەتلىك قىلىش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقارماقتا. تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرى ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ۋاقتىلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە قۇرۇشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يازدى. جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرى ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، خەلقنىڭ دوستلۇقى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، ھەمكارلىق ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىقتىمۇ، قايغۇدىمۇ بىللە بولىدىغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

# پەرۋاز قىل، «پامىر بۈركۈتى»!

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ جۈڭكەي، گاۋ خەن، خۇخۇ، سۇ چۈەنبى**

پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدە «دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز دۆلەت دەرۋازىسى» قونجىراپ پورتى ۋە «مۇز تاغ ئاتىسى» مۇزتاغ چوققىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىككى يول بار. قونجىراپ يولى بىلەن مۇزتاغ يولى كېسىشكەن جايدا، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 30 مېتىر كېلىدىغان «پامىر بۈركۈتى» ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

قارلىق تاغ چوققىسىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان تاغ بۈركۈتى تاجىك مىللىتىنىڭ توتېمى. تاشقۇرغاندا تەخمىنەن 33 مىڭ تاجىك مىللىتى ئاھالىسى ياشايدۇ، ئۇلار «پامىر بۈركۈتى» دەپ ئاتالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدىغان تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى ئېگىزلىككە، ئېگىز ھەم سوغۇق جايغا، چېگراغا جايلاشقان بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى كۆپ ساندىكى تاجىك مىللىتى مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان.

«پامىر بۈركۈتى» ھەيكىلى ئاستىدا تۇرۇپ، تۆت ئەتراپقا نەزەر سالسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدىغىنىڭ ھەممىسى تاغ. كوئېنلۇن تېغى، قاراقورۇم تېغى، ھىندىقۇش تېغى… نامراتلىق ھەمراھ بولغان تاغلار نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بۇ جايدىكى ئاھالىلەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

2019 ـ يىلى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»غا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيتىك تالانى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش ۋە چوڭ تور توكىنى تاغقا يەتكۈزۈش قاتارلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلماقتا، «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا، بىر مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ» دېگەن ۋەدە پامىر ئېگىزلىكىدە چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ، ئادەم بىلەن تاغنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ دەۋر ھالقىغان ئۆزگىرىش يۈزبەرمەكتە.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشنى بارغانسېرى ياخشىلىدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل ناسىر**

6 ـ ئايدىكى خوتەن شەھىرىنىڭ يورۇڭقاش بازىرى ئاقچىغ كەنتى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇردى: تۈپتۈز ئاسفالت يوللار، رەت ـ رەت چىرايلىق كۆكەرتىش بەلباغلىرى، قاتار ـ قاتار رەتلىك ئولتۇراق ئۆيلەر… بۈگۈنكى ئاقچىغ كەنتى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

كەنت ئاھالىسى ئابلىز ئوبۇلھەسەننىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، يېڭىدىن سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۆي قۇياش نۇرىدا ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق كۆرۈنەتتى، ھويلا ـ ئاران رەتلىك، كۆركەم ئىدى.

«ئابلىز ھازىر كەنتىمىزدىكى داڭلىق شەخس، ئۇنىڭ پەمى بار، جاپاغا چىدايدۇ، بىز ئازراقلا ياردەم قىلساق ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى» دېدى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى ئاقچىغ كەنتىگە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن 1 ـ شۇجى ۋاڭ خۇي.

2018 ـ يىلى، ئابلىز تېخى كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېرىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى، گەرچە باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى بىلسىمۇ، لېكىن مەبلەغ بولمىغاچقا ئىشنى باشلىيالماي بېشى قاتقانىدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى بۇنى بىلىپ، بىكار تۇرغان توخۇ فېرمىسىنى قايتىدىن رېمونت قىلىپ رەتلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىتىشىگە ھەقسىز بەردى. ئابلىز پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھەسسىلەپ تىرىشىشقا باشلىدى. ئۇ خوتۇنى بىلەن بىللە سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆگەندى، شۇ يىلى توخۇ بېقىپ قىلغان ساپ كىرىمى 185 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئادىلنىڭ ئاشخانا ئاچقان كۈنلىرى تولىمۇ مەنىلىك

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، لى شىڭ**

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئادىل ئەخەتنىڭ سەل مىجەزى يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ كالا گۆشى ئۆگرىخانىسىغا كەلدى. خوتەن شەھىرىدە ئېچىلغان بۇ ئاشخانىغا نىسبەتەن ئادىلنىڭ مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىدى، شۇڭا ئىنچىل كۆڭۈل قويۇپ تىجارەت قىلدى، بوشاڭلىق قىلمىدى.

ئاشخانىغا مېھمان كەلسە، ئادىل قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. «بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان جاي.» ئادىل مۇنداق دېدى: ئاشخانىغا كىرسەملا، يېڭى تىجارەت چارىلىرى ئۆزلۈكسىز پەيدا بولىدۇ.

**سودا ـ سېتىقتا جانلىق، ئۆزگىرىشچان بولدى**

«لوبەن، ئىككى قاچا كالا گۆشى ئۈگرىسى، يەنە بىرنەچچە زىخ مايدا پىشۇرۇلغان كاۋاپ كەلتۈرۈڭ.» خېرىدارنىڭ تاماق بۇيرۇتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇلازىم ماھىرلىق بىلەن تالون يېزىپ، تاماق توشۇدى. چۈشلۈك تاماقنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدا ساياھەتچىلەرنىڭ ھېس قىلىش تۇيغۇسى ئۆستى

كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش • كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز ④

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياۋ گاڭ**

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، سەھەردىكى قۇياش نۇرى بۇلۇتلار قاتلىمىدىن ئۆتۈپ قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونى مايتاغ ـ كۇچا چوڭ لاگېرىغا چېچىلدى، ئەتىگەندىلا ئاپتوموبىللار بۇ يەرگە ئارقا ـ ئارقىدىن يېغىلىپ، 2020 مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنىڭ قاتناش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

كۆپ يىللىق ئۆي ئاپتوموبىل ھەيدەش تەجرىبىسىگە ئىگە ۋاڭ يۇبىڭ ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى قوشۇمچە شوپۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆي ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ جاۋ زىلى قاتارلىق تۆت ساياھەتچىنى ئېلىپ، قاتناش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا كەلدى.

«مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدا ماڭىدىغان ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، شىركەت بۇ ساياھەت تاشيولىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرۈپ يېتىپ، مايتاغدا شۆبە شىركەت قۇردى.» ۋاڭ يۇبىڭ گۇاڭدۇڭدىن مايتاغقا كەلگەن، بۇ قېتىم ئۇ ئىشلەيدىغان شىركەتتىكى بەش ئۆي ئاپتوموبىل مايتاغدىن يولغا چىقىپ، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنى كېسىپ ئۆتۈشكە تەييارلانغان.

بۇ جاۋ زىلىنىڭ مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدا ئۈچىنچى قېتىم مېڭىشى. «مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى بارغانسېرى ياخشىلىنىپتۇ.» جاۋ زىلىنىڭ دېگىنى شۇ كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزى ئىدى.

ھاۋا بوشلۇقىدىن مايتاغ ـ كۇچا تاشيول ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزىگە نەزەر سالساق، ئۇ خۇددى تىيانشانغا قەدەم تاشلاۋاتقان پۈتنىڭ ئالقىنىغا ئوخشايدۇ، ساياھەتچىلەر بۇ يەردە سېزىمچان ئېكران ئارقىلىق مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلىيەلەيدۇ، يەنە لىنيىنى تېز سۈرئەتتە سۈرۈشتۈرۈش، ھاۋا رايى، يول ئەھۋالىدىن مەسلىھەت سوراش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، بىر بېكەتلىك ئەقلىي ساياھەت مۇلازىمىتى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتىنى تېخىمۇ قولايلاشتۇردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ ۋۇگوڭتەي بازىرىغا جايلاشقان داچۈەن كەنتى بىلەن شياۋچۈەن كەنتى بەيچۈەن كۆلى سۇلۇق يېرىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى ئوراپ تۇرىدۇ. شاللىق ۋە ياپيېشىل كۆل يۈزى يېزا ـ كەنت ئېكولوگىيەسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغان (6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). □ تاۋ ۋېيمىڭ فوتوسى

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالدىنقى بەش ئايدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى

## ئاساسلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچلىرىدە يىللىق ۋەزىپىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تاماملاندى

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى چۈنشيا، لى لىنىڭ** 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ خەلققە نەپ يەتكۈزۈشنى يولغا قويۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئاھالىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتقان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولغان، ئالدىنقى بەش ئايدىكى ئاساسلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچلىرىدە يىللىق ۋەزىپىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تاماملانغان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردا 271 مىڭ 600 ئادەمنىڭ يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 60.35%ى تاماملانغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى شەھەر ـ بازارلاردا 97 مىڭ 400 ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنىڭ 35.87%نى ئىگىلەپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.37% ئاشقان؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى 1 مىليون 985 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 73.5%ى تاماملانغان؛ شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان 24 مىڭ 200 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 60.57%ى تاماملانغان؛ نۆل ئىشقا ئورۇنلاشقان ئائىلىلەرنى 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەتچان نۆللەشتۈرۈش ھالىتى ساقلانغان.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团